## مېنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ھېكايەم

ئاينۇر قاماش:

# ئائىلە ئايالىدىن مال تونۇشتۇرۇش دىكتورىغا ئايلاندى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جاڭ تىڭ

«دوستلار، كۆپچىلىك ياخشىمۇسىلەر! مەن ئاينۇر، بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئۆيۈمگە كىرگىنىڭلارنى قارشى ئالىمەن، كۆپچىلىكنىڭ دىققەت قىلغانلىقى ۋە قوللىغانلىقىغا رەھمەت.» ئاينۇر قاماش يان تېلېفونىنى جازىغا تىكلەپ قويدى، ئارقىدىكىسى جانلىق يېزا مەنزىرىسى ئىدى؛ ئېكراننىڭ ئۇ تەرىپىدىكىسى قىزغىن تورداشلار ئىدى. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىۋاسىتە كۆرسىتىش ساھەسى ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى بارلىققا كەلتۈردى، بارغانسېرى كۆپلىگەن ياشلارنىڭ يۇرتىدا يېڭى خىزمىتى بار بولدى.

«80 ـ يىللاردا تۇغۇلغان»

ئاينۇر بۇرۇلتوقاي ناھىيەسىنىڭ كۆكئاغاش يېزىسى ئاقئۆتكەل كەنتىدىكى خېلى نامى بار تور دىكتورى.

ھالبۇكى 2014 ـ يىلى، ئاينۇر تېخى كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلە ئىدى. ئەينى چاغدا، ئۇنىڭ تويى قىلغىنىغا ئەمدىلا بىرنەچچە يىل بولغان، ئۆيىدە تەلمۈرۈپ تۇرغان ئىككى كىچىك بالىسى بار بولۇپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنىڭ ئىگىلىك تىكلەش مەبلىغى ئاز، ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىيالى كەمچىل، بىرەر ھۈنىرىمۇ يوق بولغاچقا، پەقەت پارچە ـ پۇرات ئىشلەپ تۇرمۇشنى قامدايتتى. كىچىك بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن قەرز ئېلىپ كەنتتە كىچىك دۇكان ئاچقانىدى، دەسلەپتە تىجارىتى ئانچە ياخشى بولمىغاچقا، بىر ئايدا ئاران 500 ـ 600 يۈەن تاپالايتتى. ئاينۇر كۆڭلىدە ئىزچىل مۇقىم خىزمىتى، مۇقىم كىرىمى بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتى.

2019 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، ئاينۇرنىڭ ئائىلە ئەھۋالى ھەمدە ئۇنىڭ دۇكان ئېچىش تەجرىبىسى بارلىقىنى ئويلىشىپ، كەنت پارتىيە ياچېيكىسى يېڭىدىن قۇرۇلغان ئېلېكترونلۇق سودا تاللا بازىرىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ بەردى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان پۈتۈن ناھىيە ساياھەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئاقئۆتكەل كەنتىگە كېلىدىغان ساياھەتچىلەر بارغانسېرى كۆپەيدى، تاللا بازىرىنىڭ سودىسىمۇ بارغانسېرى ياخشىلاندى. ئاينۇر شۇ يەرنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە خاس مەھسۇلاتلىرى بايلىقىغا تايىنىپ، مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا نوقۇل ئەمەلىي دۇكان بولۇشتىن دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ «تور سىرتى + تور» قوش يۆنىلىشلىك سېتىش ئەندىزىسىگە ئايلاندۇردى.

«كەنت ‹ئىككى كومىتېت›ى ۋە ‹ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش› بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتىنىڭ ياردىمىدە، بىز بۇلتۇر قىشتا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە كۆرسىتىپ سېتىشنى باشلىغانىدۇق. دەسلەپتە مەن قىلالمىدىم، باشقىلاردىن سوراشتىنمۇ خىجىل بولغانىدىم. كېيىن، خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىزگە ئۆگەتتى، بىزمۇ باشقىلارنىڭ قانداق بىۋاسىتە كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئۆگەندۇق. ھازىر، ئائىلىمىزدە مەنلا ئېكرانغا چىقىپ دىكتور بولۇپلا قالماي، ئېرىم ۋە ئوغلۇممۇ ئېكرانغا چىقىپ بىرلىكتە يەرلىك خاس مەھسۇلاتلارنى ساتىمىز.» ئاينۇرنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 8دە، ئېرى ئوراپ قاچىلاشقا ياردەملىشىدىكەن، چۈشتىن كېيىن سائەت 6دە تېز يەتكۈزۈش خادىمى كېلىپ ئېلىپ كېتىدىكەن، كەچ سائەت 8 ئەتراپىدا ئۇ 2 ـ كۈندىكى ماللارنى تەييارلاشنى باشلايدىكەن. كەچلىك تاماقنى يەپ بولۇپ، ئۇلار بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال سېتىشنى باشلايدىكەن.

ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بازىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، 2017 ـ يىلدىن بۇيان، بۇرۇلتوقاي ناھىيەسى ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرىغا ئائىت سىياسەت نەزەرىيەسى، تىجارەت مەشغۇلاتى، تېخنىكا ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق تەربىيەلەشلەرنى قانات يايدۇرۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىدىكىلەرنىڭ 14 ئىش ئورنىدا ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا، 73 ئىش ئورنىدا قىسقا مۇددەتلىك ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا ۋاسىتىلىك تۈرتكە بولدى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ 20 مىليون يۈەندىن ئارتۇق سېتىلىشىغا تۈرتكە بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، يەنە «فۇيۈەن بۇرۇلتوقاي» ناھىيە رايونى ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى قۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شەھەرگە كىرگۈزۈش، سانائەت مەھسۇلاتلىرىنى يېزىلارغا يەتكۈزۈش بويىچە قوش يۆنىلىشلىك ئوبوروت، ئۇلۇڭگۇر كۆلى تاۋباۋ بايرىمى قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىش مىقدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ كىرىمىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

«ھازىر بىۋاسىتە كۆرسىتىشنى كۆرىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە، سېتىلىش مىقدارىمۇ بارغانسېرى ئاشماقتا.» ئاينۇر مۇنداق دېدى: ھازىر بىۋاسىتە كۆرسىتىش ئارقىلىق ئايدا ئالىدىغان پايدىمىز 8000 يۈەندىن ئاشىدۇ.

«قانداق قىلغاندا توردا كەسپىي كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقى، مەھسۇلاتلارنىڭ سېتىلىشىنى كېڭەيتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئوقۇتقۇچى بىر ـ بىرلەپ چۈشەندۈردى. بىزمۇ ئۈزلۈكسىز ئۆگىنىپ، يېڭى تېخنىكىلارنى ئىگىلەپ، ئالاقە تورى ۋە ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىنىڭ ياردىمىدە، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىمىزنى ئېتىز بېشىدىن مىڭلىغان ئائىلىلەرگە يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك» دېدى ئاينۇر. ھازىر، ئۇ دوستلار چەمبىرىكى، دوۋيىن قىسقا سىنى ھەمدە توردا بىۋاسىتە كۆرسىتىپ مال تونۇشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق قۇرۇتۇلغان گۆش، پىشلاق قاتارلىق خاس مەززىلىك يېمەكلىكلەرنى تونۇشتۇرۇپ سېتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆزى ياسىغان مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە قول ھۈنەر بۇيۇملىرىنىڭ يېزا ـ كەنتتىن چىقىرىلىشىغا تۈرتكە بولدى.

«ھازىر كەنتنىڭ تەرەققىياتى بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسى ياشلارنىڭ يۇرتىغا قايتىپ ئىگىلىك تىكلىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشىدىكى يېڭى يولغا ئايلاندى.» ئالتاي ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىدىن ئاقئۆتكەل كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى ليۇ مىن مۇنداق دېدى: بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق تۈردە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكلەش، تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈش ۋە سۈپەتلىك ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى سېتىشتىكى ئۈلگىلىك، تۈرتكىلىك رولىمىز ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ دېھقان ـ چارۋىچىنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا تورى ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش، كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىمىز.

## يۇرتنى سۆيۈش شىنجاڭنى سۆيۈش

جاۋ ۋېي:

# 27 يىل ئاشۇ ئورمانلىقنى قوغدىدى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز تۇڭ ۋېنيەن، جاڭ لىي، ئىختىيارىي مۇخبىرلار لۇ جىنجيې، ليۇ شىنجيا

«ئىلگىرى بۇغىلار بىزنى كۆرسىلا قېچىپ كېتەتتى، ھازىر ئۇلار قاچمايدىغان بولدى، باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتىنىڭ ئەتراپىدا پات ـ پات پەيدا بولۇپ قالىدۇ.» 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، گەنجياخۇ سۆكسۆك ئورمىنى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ جىڭ باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى ۋۇداۋچۈەن باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتىنىڭ پونكىت باشلىقى جاۋ ۋېي مۇخبىرلارغا بۇ ئورمانلىقتا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ بەردى.

### سۆكسۆك ئورمانغا ئايلاندى

10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، جىڭ ناھىيەسىدىن ئاپتوموبىل بىلەن 93 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ئۈچ سائەت ئەتراپىدا ماڭغاندىن كېيىن، مۇخبىرلار ۋە ھەمراھلىرى ۋۇداۋچۈەن باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتىغا يېتىپ باردى.

باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدىكى تەشۋىقات تاختىسىغا: گەنجياخۇ سۆكسۆك ئورمىنى تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى باشقۇرۇش ئىدارىسى 1983 ـ يىلى قۇرۇلغان، 2001 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقلىشى بىلەن، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىكتىن دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىغا ئۆستۈرۈلگەن. گەنجياخۇ مۇھاپىزەت رايونى جىڭ باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسى ۋە شىخو باشقۇرۇش شۆبە ئىدارىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بۇنىڭ 420 مىڭ موسى جىڭدا، 400 مىڭ موسى شىخودا. ئاساسلىق مۇھاپىزەت ئوبيېكتلىرى سۆكسۆك، ئاق سۆكسۆك ھەم ئۇلارنىڭ ئۆسۈش مۇھىتىدىن ئىبارەت. مۇھاپىزەت رايونىدا ئۆسۈملۈك بايلىقىدىن جەمئىي 62 ئائىلە، 448 تۈر، 177 خىل ئومۇرتقىلىق ھايۋان، ئىككى خىل دۆلەت 1 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋان بار، دۆلەت 2 ـ دەرىجىلىك قوغدىلىدىغان ھايۋانلاردىن بۇغا، ئاق بوغۇز بۆكەن قاتارلىق سەككىز خىلى بار، دەپ يېزىلغان.

ھەر يىلى 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، گەنجياخۇ سۆكسۆك ئورمىنى دۆلەت دەرىجىلىك تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونى ئورمان قوغداش ـ ئوتتىن مۇداپىئەلىنىشنىڭ مۇھىم مەزگىلى. ئورمان رايونىدىكى سۆكسۆك، يۇلغۇن، توغراق قاتارلىق يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنى ياخشى قوغداش ئۈچۈن، ئورمان قوغدىغۇچىلىرى تۈرلۈك ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئوت ئۆچۈرۈش ماھارىتىنى ئىگىلەپلا قالماي، يەنە ئورمان رايونىدا چارلاپ قوغداش، ياۋايى ھايۋانلارنى كۆزىتىش ۋە يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى، ئەسلىگە كېلىشىنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە.

مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر، جاۋ ۋېي ۋە خىزمەتداشلىرى ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلىنىشنى دائىم قانات يايدۇرۇپ، 19 يىلدا بىر قېتىممۇ ئوت ئاپىتى ھادىسىسى يۈز بەرمەسلىكتەك نەتىجىنى قولغا كەلتۈردى. ئۇنى تېخىمۇ پەخىرلەندۈرىدىغىنى شۇكى، مۇشۇ يىللاردا مۇھاپىزەت رايونىدا يېپىنچا ئۆسۈملۈكلەر تېز ئەسلىگە كېلىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت بارغانسېرى ياخشىلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايون تەبىئىي ئەسلىگە كېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، گەنجياخۇ سۆكسۆك ئورمىنىنى مەركىزىي رايون، ئارىلىق رايون ۋە تەجرىبە رايونى قاتارلىق فۇنكسىيەلىك رايون ـ بۆلەكلەرگە ئايرىپ، ئادەم ۋە چارۋا كىرىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش، چارۋىچىلىقتىن ئورمانغا قايتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىلگىرى گەنجياخۇ مەركىزىي رايوندا چارۋا باقىدىغان چارۋىچىلارنى مۇھاپىزەت رايونىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن كۆچۈرۈپ چىقتى.

جاۋ ۋېي مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى، بىر قىسىم قانۇنغا خىلاپلىق قىلغۇچى ئۇنسۇرلار تۇشقانزەدىكىنى قالايمىقان يىغىپ، كولاپ، تەبىئىي مۇھاپىزەت رايونىدىكى يېپىنچا ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارغا ئېغىر زىيان يەتكۈزگەنىدى. كېيىن، دۆلەتنىڭ مەنبەدىن، سېتىۋېلىش ھالقىسىدىن تىزگىنلىشىگە ئەگىشىپ، ھېچكىم سېتىۋالغىلى بارمايدىغان بولدى.

ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش ئۈچۈن، گەنجياخۇ مۇھاپىزەت رايونى مەركىزىي رايونىغا ئۈچ ئوت ئۆچۈرۈش سۇ باكى ئورناتتى، بۇ بىرىنچىدىن، ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن ھامان سۇ توشۇش سەۋەبىدىن ئوت ئۆچۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتىگە دەخلى يېتىپ قېلىشتىن ساقلىنىش، ئىككىنچىدىن، ھەر يىلى 5 ـ ئايدىكى ئاق بوغۇز بۆكەننىڭ كۆپىيىش مەزگىلىگە سۇ تەييارلاش ئۈچۈن ئىدى. ئەتىياز پەسلىدە قۇرغاقچىلىق كۆپ، ھۆل ـ يېغىن ئاز بولۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇغا، ئاق بوغۇز بۆكەن دائىم پەيدا بولىدىغان جايلاردا مۇھاپىزەت رايونى سۇ ئىچىش ئوقۇرى ياسىدى، جاۋ ۋېي ۋە ئەترەت ئەزالىرى ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم يېڭى سۇ تولۇقلاپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ياۋايى ھايۋانلارنىڭ ئەي بولۇش نىسبىتىنى ئۆستۈردى.

### قىزغىن سۆيۈش بىر خىل ئادەت

باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا بىر شېغىل يول بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە نەچچە رەت تۈپتۈز ئۆسكەن ئاق تېرەكلەر بار ئىدى. شامال چىقسا، يوپۇرماقنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازى ئاڭلىناتتى. بۇ ئاق تېرەكلەرنى جاۋ ۋېي گەنجياخۇغا يېڭى كەلگەندە تىككەنىدى، ئۇ چاغدا ۋۇداۋچۈەن باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتى تېخى قۇرۇلمىغان بولۇپ، جاۋ ۋېي بۇ يەردە 27 يىل ئىشلەپ قېلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

1993 ـ يىلى، 20 ياشلىق جاۋ ۋېي دادىسىنىڭ ئىلھام بېرىشى بىلەن گەنجياخۇغا كېلىپ، بىر ئورمان قوغدىغۇچىسى بولدى. ئۇنىڭ ئېنىق ئېسىدە قېلىشىچە، قالايمىقان كېسىش، قالايمىقان كولاشنى توسۇش ئۈچۈن، ئورمان قوغدىغۇچىلار ھەر كۈنى پىيادە ئون نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ، باشقۇرۇش تەۋەلىكىدىكى ئورمان رايونىنى چارلاپ قوغدايتتى، خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق ئىدى. جاۋ ۋېي مۇنداق دېدى: «مەن بۇ يەرگە يېڭى كەلگەندە، باشقۇرۇش ـ قوغداش پونكىتىدا پەقەت ئىككى ئېغىز كېسەك ئۆي بولۇپ، سۇ يوق، مۇھىتى ئىنتايىن ناچار ئىدى. ئاتا ـ بوۋىلىرىمنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتكە چىداش روھى ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلىپ، قەتئىي داۋاملاشتۇردۇم. دادام بىر ئۆمۈر ئورمانچىلىق خىزمىتىنى ئىشلىدى، مەن ئورمانچىلىق خىزمىتىنى تاللىغاندا، ئۇ ماڭا: ئەگەر ئورمانچىلىق خىزمىتىنى تاللىساڭ، چىڭ تۇرۇشنى تاللىغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ، شۇڭا چوقۇم قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشۇڭ كېرەك دېگەنىدى».

ئاشۇ زېرىكىشلىك، يالغۇز، جاپالىق چاغلار ئۇنى قورقۇتالمىدى، جاۋ ۋېي ھەر كۈنى ئورمانچىلىق رايونىنى چارلىغاندا، قەلبىدىكى قىزغىن مۇھەببەت خۇددى ئادەتلىنىپ قالغاندەك قېنىغا سىڭىپ كەتكەنىدى. بەش يىل، ئون يىل، 20 يىل... جاۋ ۋېي گەنجياخۇنىڭ ھەربىر تال گىياھىسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قوغدىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايون چۆل سۆكسۆك ئورمىنىنى قوغداش سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز زورايتتى، بولۇپمۇ دۆلەت دەرىجىلىك مۇھاپىزەت رايونى قۇرۇش، چارۋىچىلىقتىن ئورمانغا قايتۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەر يولغا قويۇلۇش ئارقىلىق، جاۋ ۋېي سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنى ياخشى قوغداش ئىشەنچىسىگە ئىگە بولدى.

### ئېلىپ كەتكىلى بولمايدىغان قوشۇن

ھەر يىلى 4 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، پونكىت ئورمان قوغدىغۇچىلىرىنى ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرىدۇ، تەربىيەلەش ئارقىلىق، كۆپچىلىك ئۆگەنگەن ئوت ئۆچۈرۈش نەزەرىيە بىلىملىرىنى مۇستەھكەملەپلا قالماي، يەنە سۇ پومپىسى، سۇ مىلتىقى قاتارلىق ئوت ئۆچۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى پىششىق ئىشلىتىشنى ئۆگىنىپ، جىددىي، تاسادىپىي ۋەقەگە يولۇققاندا ئوتنى ۋاقتىدا ئۆچۈرۈپ، ئورمان رايونىنى ئۈنۈملۈك قوغدىدى. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق تەربىيەلەش مەزمۇنلىرى جاۋ ۋېينىڭ قەلبىگە ئاللىبۇرۇن مەھكەم ئورناپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنىلا كۆپچىلىك بىلەن بىللە ئۆگەندى.

2010 ـ يىلى، ئەترەت ئەزاسى قايىربېك تۇران پونكىتقا يېڭى كېلىپلا، ھاياجانلانغان ھالدا ئىككى پادىچى ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ چارلاشقا چىقتى، ئەمما مېڭىۋېرىپ، ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان ئورمانلىقنى كۆرۈپ، ئۇ يولدىن ئېزىپ قالدى، كېيىن پادىچى ئىتنىڭ پونكىتقا كېلىپ خەۋەر بېرىشى بىلەن، كۆپچىلىك ئاندىن ئۇنى تاپتى. شۇنىڭدىن كېيىن، جاۋ ۋېي: ئورمان رايونىنى چارلاشتا چوقۇم ئىككىدىن ئۈچكىچە ئادەم بىر گۇرۇپپا بولۇش، پېشقەدەم ئەترەت ئەزالىرى يېڭى ئەترەت ئەزالىرىنى باشلاپ چارلاش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىشنى بەلگىلىدى.

مەيرەمبېك قايىزادە پونكىتتىكى ياش يىگىت بولۇپ، ئۇ مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «كەچتە ئۇخلىغاندا، بۆرىنىڭ ھۇۋلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈمدە قايتىپ كېتىش ئويىغا كەلگەنىدىم، لېكىن ئەتىسى ئورمانلىققا بېرىپ چارلاپ، ئالتۇن رەڭلىك توغراق ۋە يېڭىدىن شاخ چىقىرىۋاتقان سۆكسۆكنى كۆرگىنىمدە، كۆڭلۈم ناھايىتى قانائەت تاپتى».

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت مەبلىغىنىڭ مۇھاپىزەت رايونىغا ئۈزلۈكسىز جۇغلىنىشىغا ئەگىشىپ، جاۋ ۋېي ۋە خىزمەتداشلىرىنىڭ خىزمەت مۇھىتى، تۇرمۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى. باشقۇرۇش، قوغداش پونكىتىدىكى كېسەك ئۆيلەر خىش ئۆيلەرگە ئۆزگەردى، ئىلگىرى يامىشىپ چىقىپ چۈشىدىغان كۆزىتىش مۇنارىغا، يەنە ئىلغار نازارەت قىلىش ـ كونترول قىلىش بۇلۇت سۇپىسى ئورنىتىلدى.

يېڭىدىن ئۆسۈپ چىققان كۆچەتلەرگە قاراپ، جاۋ ۋېي مۇنداق دېدى: «بۇ يىل ھاۋا قۇرغاق بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن ئاز بولدى، بىز ئورمان قوغداش، ئوتتىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئورمان رايونىنى چارلاپ قوغداش بويىچە تەربىيەلەشنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، گەنجياخۇدىن ئىبارەت بۇ پاكىز تۇپراقنى تېخىمۇ ياخشى قوغداشنى پىلانلىدۇق».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ تۈر ئۈچ قارارغا بۆلۈنگەن، بىرىنچى قارارلىقى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر دوختۇرخانا رايونى، قۇرۇلۇش كۆلىمى 20 مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، بىر يىل ۋاقىتتا تاماملاش پىلانلانغان.

ئۇزاقتىن بۇيان، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى سەۋىيەسىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغاچقا، داۋالاش ـ سەھىيە مۇلازىمەت ئىقتىدارى يېتەرلىك ئەمەس ئىدى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايون تىپىدىكى داۋالاش مەركىزى قۇرۇش جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش، دىياگنوز قويۇش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش، داۋالاش ـ سەھىيە ئىشلىرى تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاپتونوم رايونلۇق سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىلزات زادە مۇنداق بىلدۈردى: بۇ تۈر پۈتكەندىن كېيىن، «داۋالاش، ئوقۇتۇش، تەتقىقات، ئالدىنى ئېلىش، ساغلاملىق، باشقۇرۇش» بىر گەۋدە قىلىنغان يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش مەركىزىگە ئايلىنىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست رايونىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللەرنى داۋالاش تېخنىكىسى ئۇنىۋېرسال مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى تېز ئۆستۈرۈپ، ئاممىنىڭ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا داۋالىنىشىغا، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقى ۋە مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىغا تېخىمۇ قولايلىق يارىتىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)